تيانشان مۇھاپىزىتى

# ياۋا ئات مۇھاپىزەتچىسى: ئات بىلەن بىللە ئۆتكەن 19 يىل

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى چۈ يەنخەن، جاڭ شياۋلۇڭ، جاڭ شياۋچېڭ

قارا كۆزەينەك تاقاپ، كالتەك توپ شەپكىسى كىيىپ يۈرۈيدىغان، تېرىسى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئۆزىگە ئۆزى چاقچاق قىلىپ قويىدىغان — پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتى بىلەن 19 يىلنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئادابىيات جۇڭغار ئويمانلىقى نۇسخىسىدىكى تېپىك غەربىي رايون پادىچىسى ئىدى.

كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان شىنجاڭ قارامايلى تېغىدىكى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى (قىسقارتىلىپ قارامايلى تېغى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دېيىلىدۇ)دا، 39 ياشقا كىرگەن ئۇ خۇددى چۆل مۇھاپىزەتچىسىدەك، كۈننى كۈنگە ئۇلاپ دۇنيادىكى بىردىنبىر ياۋا ئات نەسلى — پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى.

«بىر شىرەم تاغام چەت ئەلدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قوتاندا بېقىلغان پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتىنى كۆرگەن ئىكەن. ئەينى چاغدا ياۋا ئات بۇرنى بىلەن تاغامنى پۇراپ، بۇرنىنى ئۇنىڭ يېڭىگە سۈركەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلغان ئىكەن. تاغام: دۆلىتىمىز بۇ ئاتنىڭ ماكانى، ئۇلار يۇرتىغا قايتىشى كېرەك، دېگەندى، بۇ سۆزنى ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمايمەن» دېدى ئادابىيات ئەستايىدىللىق بىلەن.

پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتىنىڭ ماكانى شىنجاڭ جۇڭغار ئويمانلىقى بولۇپ، ئىلگىرى ئوۋ ئوۋلاش ۋە مۇھىت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن بىر مەھەل نەسلى قۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇ تۈر نەسلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ چەت ئەلدىن ئارقا ـ ئارقىدىن پىرژېۋالسكى ياۋا ئاتلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى ھەم شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىدە قوغداش، كۆپەيتىش ۋە دالىغا قويۇپ بېرىشنى يولغا قويدى.

2001 ـ يىلى ئادابىيات ئارزۇ قىلغىنىدەك بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. ئەينى چاغدا ياۋا ئاتلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، ياۋا ئات يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم دالىغا قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا تۇراتتى، كۆپچىلىك ياۋا ئاتلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاشۇ بىر نەچچە يىلنى ئەسلىگىنىدە، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھەربىر تۇياق ئاتنىڭ ئۆزىنىڭ نومۇرى بار، بىز كۈندىلىك خىزمەت خاتىرىسىگە كونكرېت قىلىپ ھەربىر تۇياق ئاتنىڭ سائەت قانچىدە ئوت ـ چۆپ يەيدىغانلىقىنى، قانچىلىك يەيدىغانلىقىنى، سائەت قانچىدە سىيىدىغانلىقىنى، سائەت قانچىدە ئۇخلايدىغانلىقىنى خاتىرىلەيتتۇق. ياۋا ئات قۇلۇنلىغاندا، تۈن بويى ئات قوتىنىنىڭ سىرتىدا ساقلايتتۇق».

كۆپەيتىش مەركىزىدىكى ياۋا ئاتلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، قارامايلى تېغى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا دالىغا قويۇپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتە ياۋايىلىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

2005 ـ يىلى، بۇ ياش «غەربىي رايون پادىچىسى» ياۋا ئاتلارنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، قارامايلى تېغى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كىرىپ دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. «ئەينى چاغدا ياۋا ئاتلار ئۇچقاندەك چاپالىغاندىلا ئەركىن يۈرەلەيدىغانلىقىنى، ئاشۇ يەرنىڭلا ئۇلارنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەڭ دالىغا كىرىشنى ئويلىدىم».

دالىدىكى كۆزىتىش خىزمىتى كۆپەيتىش مەركىزىدىكى خىزمەتتىن ئازراقمۇ يېنىك ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە ئادابىيات ياۋا ئاتنىڭ مىجەزىنى پىششىق بىلىپ كەتمەيتتى، سەككىز ـ توققۇز سائەت يۈرۈپمۇ بىرەر تۇياق ئاتنىمۇ كۆرەلمەيتتى. «مۇھاپىزەت رايونىنىڭ يەر يۈزىدە تەسكەن ناھايىتى كۆپ ئۆسەتتى، ئاستى تەرىپىدە بولسا قاتتىق توپا ھۆررەك بولۇپ، ئاپتوموبىل ئۈستىدە ماڭغاندا بەك چايقىلىپ كېتەتتى، مېنىڭ دائىم بېشىم قېيىپ كۆزۈم تورلىشىپ كېتەتتى، ھەتتا قۇسقۇم كېلەتتى. بىراق ھازىر كۈنۈپ قالدىم، خۇددى ئويۇنچۇق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىمەن» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاستا ـ ئاستا ياۋا ئاتلار قايسى ۋاقىتتا سۇ ئىچىدۇ، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە قەيەردە بولىدۇ، شامال چىققاندا قەيەردە دالدىلىنىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادابىيات ئېسىدە چىڭ ساقلىۋالدى. ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز تاغ چوققىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، تىۋىش چىقارماي ياۋا ئاتلارنىڭ ئوت ـ چۆپ يېيىشىنى، سۇ ئىچىشىنى، ئويناششىنى كۆرەتتى. ئون نەچچە يىل ياۋا ئاتنى كۆزىتىش جەريانىدا ئۇ ياۋا ئاتنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ياۋا ئاتلارغا ھەمراھ بولغان يىللاردا ئادابىياتنىڭ ھايۋانلارغا بولغان قارىشىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سىرتتا چىقىپ كۆزەتكەندە، ياۋا ئات توپىغا سەللا يېقىنلاشسالا، ئايغىر ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بايتال بىلەن تايچاقنى قوغداپ، كۆزىنى ئۈزمەي بىزگە تىكىلىپ قاراپ، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرىدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كاللامدىلا بىلەتتىم، لېكىن ئۆزۈممۇ باللىق بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈمدە چۈشەندىم».

ئادابىياتنىڭ بىر جۈپ قىزى بار، دالىدا كۆزىتىش خىزمىتى ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇزاق ۋاقىت ھەمراھ بولۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. مۇشۇ يىللارنى ئەسلىگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولاتتى، «بەزى چاغلاردا مەن ھەتتا ياۋا ئاتلارغا ھەۋەس قىلىپ قالىمەن، ئۇلار تايچىقى ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇنى قوغدىيالايدۇ... بەزىدە بالىلىرىمغا ھەمراھ بولىدىغان بىرەر خىزمەتكە ئالمىشىپ بۇ يەردىن كېتىشنىمۇ ئويلاپ باقتىم، لېكىن كۆڭلۈمدە ياۋا ئاتقا ئەسلا قىيالمىدىم، ئۇلار خۇددى ماڭا 19 يىل ھەمراھ بولغان قەدىناس دوستۇمغا ئوخشاش، مېنىڭ ھاياتىمغا سىڭىپ كەتتى».

2005 ـ يىلى، بۇ ياۋا ئات مۇھاپىزەتچىسى قارامايلى تېغى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كىرگەندە، دالىغا قويۇپ بېرىلگەن پىرژېۋالسكى ياۋا ئېتىدىن ئاران 50 نەچچىسى بار ئىدى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مۇھاپىزەت رايونىدىكى ياۋا ئاتنىڭ سانى 240 قا يەتتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى



6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جاپپار قادىر بىلەن خوتۇنى چىلان شېخىنى چاتماقتا.

## چىلانلىقتا كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراش ئۆتۈش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز سۈن خەينا فوتوسى، خەۋىرى



6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جاپپار قادىر ئەر ـ خوتۇن باللىرىغا يېڭى كىيىم سېتىۋالماقتا.



6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جاپپار قادىر ئەر ـ خوتۇن يان تېلېفوندا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سىنلىق پاراڭلاشماقتا.

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جاپپار قادىر بىلەن خوتۇنى ئەتىگەندىلا چىلان ئۆستۈرۈش بازىسىغا كېلىپ بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى باشلىدى. «ھازىر ھاۋا بىرقەدەر ئىسسىق، بىز ئەتىگەن سائەت سەككىزدىلا ئېتىزغا كېلىپ ئىشلەيمىز، چۈشتىن كېيىن بالدۇرراق قايتىپ ئارام ئالساق بولىدۇ» دېدى جاپپار شاخ چاتىغاچ مۇخبىرغا.

2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قاراقاش ناھىيەسىدىكى دېھقان جاپپار 100 گە يېقىن يۇرتدىشى بىلەن چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ۋاششەرى بازىرىغا جايلاشقان چياڭدۇ چىلانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ چىلان ئۆستۈرۈش بازىسىغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى.

«خوتۇنۇم بىلەن بۇ يەردە ئىشلىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىلغا يېقىن بولدى، ھەر ئايدا ئىككىمىز 8000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمىز. بۇلتۇر مەن يەنە بەنجاڭ بولدۇم. بۇ يەردە ئىشلىسە كىرىمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن تېخنىكا ئۆگىنىۋالالايمىز» دېدى جاپپار.

چاقىلىق ناھىيەسى چياڭدۇ چىلانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جوۋ جىمىڭ مۇنداق دېدى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، بىز ھەر يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى كارخانىلارغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا قوبۇل قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەر ئايدا 4000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چاقىلىق ناھىيەسى تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يىل خوتەن ۋىلايىتىدىن 309 ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە قېيىنچىلىقى بار ئائىلىدىكىلەر 80% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ، ئىككى جاينىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رايونلار ھەمكارلىقى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى كېڭەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتا پائال رول ئوينىدى.

سۈرەتلىك ھېكايە

# ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1980 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئادەم، چارۋىلار ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇنى ياخشىلاپ كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىنى رەسمىي تۈردە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەركەزنىڭ قوللىشىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، سۇ سۈپىتى، سۇ مىقدارى، قولايلىق دەرىجىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتىدىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن يېزىلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنىڭ سۈپىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆستۈرۈپ، يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسى يېسۇلغۇن كەنتىنىڭ بېشىدا بىر تاشلاندۇق كۆلچەك بار. 77 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئابلىز مەتنىيازنىڭ قىران چاغلىرىدىن بۇرۇنقى ئەڭ مۇھىم ئەسلىمىلىرىنىڭ بىرى كۆل بىلەن ئۆيى ئارىلىقىدا توختىماي قاتىرىغانلىقى ئىكەن. ئۇ ياش چاغلىرىدا سۇ توشۇغان قاپاق ھېلىھەم ئۆيىدە ساقلاقلىق ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئابلىز ھويلىسىدا ئولتۇرۇپلا، تۇرۇبا سۈيىنى ئاچالايدۇ، سۇ ئىشلىتىش ئىنتايىن قولايلىق. ھويلا ـ ئاران، ھاجەتخانا، ئاشخانىدىكى ئۈچ جۈمەك كېرىيە ناھىيەسىدىكى يېزا ھويلىلىرىنىڭ ئۆلچەملىك سەپلىمىسىگە ئايلاندى.

1991 ـ يىلى تۇنجى توك قۇدۇقى قېزىلغاندىن باشلاپ، يېسۇلغۇن كەنتىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، سۇ بىلەن تەمىنلەش يىلدىن ـ يىلغا مۇقىملاشتى، سۇ سۈپىتىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن سۇ زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۈنىگە 160 كۇب مېتىردىن ئارتۇق بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىك ئۆلچىمى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈلدى. «بىز يېڭىدىن سۇ زاۋۇتى قۇرۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن جايلاردا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەسلىدىكى سۇ زاۋۇتلىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمىنى مۇستەھكەملەپ ئۆستۈردۇق» دېدى جاڭ يۈن.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سۇبيېكتىپ مەسئۇلىيىتى، سۇ مەمۇرىيىتى مەسئۇل تارماقلىرى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ساھەنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنىڭ يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىدى.

«ئىلگىرى تۇرۇبا سۈيى بولمىغاچقا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىن ئىدى. سۇ بولمىسا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش چەكلىمىگە ئۇچراپلا قالماي، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر يەنىلا سۇ توشۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بارلىق زېھنىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئەسلا قارىتالمايتتى» دېدى چىرا ناھىيەسى بوستان يېزىسى دۆڭباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتكېرەم ئىمىن «تۇرۇبا سۈيى ئۇلانغاندىن كېيىن، ھويلا ـ ئارانلىرىمىزدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىرىمىمىزنى ئاشۇرالايدىغان بولدۇق، ھەر يىلى كۆكتات تېرىپلا، 1000 يۈەندىن ئارتۇق چىقىمنى تېجەپ قالالايمىز».

# «لىنىيە بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش» يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرىنىڭ تېز ئۆزۈرىشىغا ياردەم بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسىپتە كۈچلۈك بازار قۇرۇش تۈر لايىھەسى دۆلەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى، ھەر بىر تۈرگە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا مەركەزگە ئىلتىماس قىلىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئۆزۈم، بادام، پەيزاۋات قوغۇنى قاتارلىق خاس كەسىپلەرنى چۆرىدەپ، بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاپ، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئامباردا يېڭى پېتى ساقلاش، پىششىقلاش، ماركېتىڭ قاتارلىق ئەسلىھە، جابدۇق سەۋىيەسىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولىدۇ.

كەسىپ يېتىلدۈرۈش ۋە قۇرۇش جەھەتتە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون كورلا نەشپۈتى، شىنجاڭ قەغەز ياڭاقىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋزەل خاس كەسىپ توپى قۇرۇلۇش تۈرىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرى «لىنىيەسى»نى بەرپا قىلدى. نۆۋەتتە، ئىككى كەسىپ توپى قۇرۇلۇش تۈرى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى. كەلگۈسى ئۈچ يىلدا، ھەربىر توپ قۇرۇلۇش تۈرى ھەر يىلى مۆلچەرلىنىشچە مەركەز سالغان 100 مىليون يۈەن مەبلەغقە ئېرىشىپ، بايلىق توپلانغان رايون ۋە ئەشيا ئوبوروت تۈگۈن نۇقتىسى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كەسىپلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئۇزىرىشى، توغرا يۆنىلىشتە يۈرۈشلىشىشى، يۇقىرىدا بازار بىلەن تۇتۇشۇشى، تۆۋەندە مۇھىم ئامىللار بىلەن باغلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن يەتتە ياڭاق كەسپى ئەۋزەل رايونىنى ئاساس قىلغان ياڭاق كەسىپلەر توپى ۋە كورلا شەھىرىنى يادرولۇق رايون قىلغان، ئاقسۇ شەھىرىنى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلغان، لوپنۇر ناھىيەسى، بۈگۈر ناھىيەسى، كۇچا شەھىرى، ئونسۇ ناھىيەسىدىن ئىبارەت تۆت ئورۇننى تەسىر كۆرسىتىش رايونى قىلغان كورلا نەشپۈتى كەسىپلەر توپى يېتىلدۈرۈلىدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشچە، كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى دۆلەتنىڭ زاپاس تۈرلىرىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچە رايونىنى يېڭىدىن قۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى رايون خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچىسى قۇرۇشقا يېتەكلەپ، ۋىلايەت ـ ئوبلاست ـ شەھەر، ناھىيە ـ شەھەر ـ رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدىكەن؛ «باغچە رايونى+بازا+دېھقان ئائىلىسى» «باغچە رايونى+ئەشيا ئوبوروتى+ئېلېكترونلۇق سودا» ئەندىزىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، سورت يېتىشتۈرۈش، خام ئەشيا بازىسى، پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇش، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى، ماركېتىڭ سۈپىتى بىر گەۋدە قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچە رايونى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، كەسىپلەرنى تارقاق ئورۇنلىشىشتىن توپلىنىش، توپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشكە يېتەكلەيدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)